# ئوخشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

**ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى**

ئېلان قىلىنغان ژورنال:"قوش تىل ئۆگىنىش ژورنىلى"نىڭ 2012-يىللىق 5-سانى

**قىسقىچە مەزمۇنى:**

**بۇ ماقالىدە ئوخشىتىشنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللىرى، مەدەنىيەت قاتلىمى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىش، ئوخشىمىغان تىللاردىكى ئوخشىتىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىش جەريانلىرى، بىر قانچە تىلدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.**

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىستىلىستىكىلىق شەكىل، ئوخشىتىش، مىللىي ئالاھىدىلىك**

## 1.ئوخشىتىش ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك

**ئىستىلىستىك پائالىيەت تىل ماتېرىياللىرىنى تاللاش، بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئىستىلىستىكا – مۇئەييەن كونتېكست ئىچىدە تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىلنىڭ پىكىر–ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر. جەمىيەتتىكى كىشىلەر ئۆز- ئارا ئالاقە جەريانىدا بىر-بىرى بىلەن پىكىرلىشىدۇ، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلار بۇجەريانىدا ئاڭلىق ياكى**

ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرىنى ھامان ئۇنۇملۇك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا كىشىلەر ماقالە–ئەسەرلەرنى يازغاندا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي-پىكرىنىڭ تېخىمۇ روشەن، جانلىق، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق، تەسىرلىك بولىشى ئۈچۈن، ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. دىمەك، جەمىيەتتىكى نورمال ئادەم دەپ ھېساپلانغان كىشلەرنىڭ ھەممىسى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئىستىلىستىكىلىق پائالىيەتتىن پايدىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىستىلىستىك پائالىيەتتىن پايدىلىنىش جەريانى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىك ئاشۇ خىل خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

ئىستىلىستىكا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇنى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دىيىشىمىزدە، بىرىنچىدىن، ئۇ تىلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش جەريانى بولۇپ، تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. روشەنكى، تىل مىللەتنىڭ ئەڭ موھىم بەلگىسى، ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر جەملەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىستىلىستىكىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار ياشىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت، ئۆرپ-ئادەت، پىسخىك ھالەت، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. نەتىجىدە ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىدە ئوخشاش بىر شەيئىي، ئوخشاش بىر خىل ھادىسىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان سوبىكتىپ كۆزقاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ خىل كۆزقاراش ۋە تونۇش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي نۇتۇق

پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مانا بۇ ئىستىلىستىكىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاساستۇر.

ئىستىلىستىكىلىق پائالىيەت تىگى- تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىل ماتېرىياللىرىنى ئۆنۈملۈك تاللاش جەريانى. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى چوڭ جەھەتتە ئىستىلىستىك شەكىللەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، كىچىك جەھەتتە، ئىستىلىتىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىشتا موھىم رول ئوينايدىغان ئوبىكتىپ شەيئىي، كونكرىت ئۇقۇم ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى شۇ تىل شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ تاللاشتا كۆرىلىدۇ. مانا بۇ ئىستىلىستىكىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىچكى قىسمىدىكى ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا رول ئوينىشىدۇر.

ئەمدى ئىستىلىستىكىلىق شەكىلگە كەلسەك، ئىستىلىستىكىلىق شەكىل- تىلنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن مۇئەييەن شەكىللگە كىرىپ تۇراقلاشقان، تىلنىڭ ئىپادىلاش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا موھىم رول ئوينايدىغان شەكىللەردۇر. بىز بۇ ماقالىدە باشتا دىيىلگەن تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، بارلىق ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز پەقەت ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىل ئوخشىتىشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

ئوخشىتىش -ئەدەبىيات نەزىرىيچىلىرىنىڭ تەبىرىچە ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ماھىيىتى ئوخشمايدىغان ئىككى شەيئىنىڭ مەلۇم ئوخشاشلىقىدىن پايدىلىنىپ پىكىر ئوبىكتى بولغان شەيئىنى باشقا بىر شەيئىي

بىلەن چۈشەندۈرۈش سەنئىتىدۇر. بىز ئوخشىتىشنىڭ ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىلى ئىكەنلىكىنى شائىر سەئىد نەفىسىنىڭ پارس شائىرى روداكى توغرىسىدا يازغان مۇنۇ سۆزىدىنمۇ كۆرىۋالالايمىز « ھەر بىر شائىرنىڭ كاتتا ماھارىتى تەشبىھ ( ئوخشىتىش) لاردا كۆرىلىدۇ. تەشبىھتە قۇدرەتلىك بولغان شائىر جاھانگىرراقتۇر». دىمەك، ئوخشىتىش ئىستىلىستىك شەكىللەر ئىچىدىكى موھىم بولغان بىر خىل ۋاستىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئىدىلوگىيە، ئېتىكا، ئۆرپ- ئادەت، تارىخ، تەپەككۇر ئادىتى ۋە تىل- يېزىقى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ زىچ بىرىكمىسىدۇر. ئوخشىتىش بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، مەلۇم نوقتىدىن قارىغاندا، ماددىي دۇنيادىكى بارلىق شەيئىيلەردىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. ھەر قايسى تىللاردىكى ئوخشىتىشلار گەرچە قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشىتىش سۆزى، ئوخشاشلىق نوقتىسى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قايسىسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ئارقا كۆرىنىشتە شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوخشىتىشنىڭ تەشكىل قىلغۇچى ئامىللىرى نوقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر قايسى ئامىللىرىنىڭ بىرىكىش ئۇبىكتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئاساسلىقى ئوخشىتىشنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى ئامىللار ئوتتۇرسىدا شەكىللەندۇرگەن كىچىك كونتېكىست ياكى ئىچكى كونتېكىست دائىرسىدە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىدىن كۆرىۋىلىشقا بولىدۇ.

## 2.ئوخشىتىشتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى

**1) ئوخشىغۇچى بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا:**

**(1)ئوخشىغۇچى ھەر خىل ئىپادىلەنگەن مەنە بىر خىل بولىدۇ.**

بۇ خىل شەكىلدە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەلۇم ئوي-پىكىر، شەيئىي ھادىسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىۋالغان ئوخشىغۇچىلىرى روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ ئەمما بۇ ئوخشىغۇچىلار ھەر قايسى تىللاردا ئوخشاش مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىز ئىنگلىز تىلىدىكى مۇنۇ جۈملىدە ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىشقا قاراپ باقايلى.

Her legs felt <u>like jelly</u>

( ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ماغدۇرسىزلىنىپ <u>خۇددى مېۋە ئۈيۈتمىسىدەك</u> بوشىشىپ كەتكەنىدى)

يوقارقى جۈملىدىكى ئوخشىغۇچى « مۋە ئۈيۈتمىسى» بۇ ئېنىقكى ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىدۇر. چۈنكى، خەنزۇ تىلىدا بۇخىل ھالەتنى تۆۋەندىكىدەك شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

两腿软得<u>像棉花</u>

( ئىككى پۇتى خۇددى پاختىدەك بوشىشىپ كەتكەنىدى)

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بۇ خىل ھالەتنى «پۇتۇن بەدىنىم <u>خۇددى لايدەك</u> بوشىشىپ كەتتى» دېگەن ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يوقارقى مىساللاردا «ماغدۇرسىزلىنىش» تىن ئىبارەت بىر خىل ھالەت «مېۋە ئۈيۈتمىسى»، « پاختا »، « لاي» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل

ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار ئىمتىھاندا نۆل نومۇر ئالسا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار يۇمۇرلۇق قىلىپ « تۇخۇمدىن بىرنى ئاپسەن ياكى ھارۋىنىڭ چاقىدىن بىرنى ئاپسەن» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىسە، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار « ئۆردەك تۇخۇمىدىن بىرنى يەپسەن »، ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلار بولسا « ھور ناندىن بىرنى يەپسەن » دېگەن ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا «سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىسە، خەنزۇ تىلىدا « شورپىغا چۈشكەن توخودەك»، كورىيان تىلىدا بولسا « سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرقى مىساللاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى ھەر قايسى تىللارنىڭ تاللىۋالغان ئوخشىغۇچىلىرى ھەر خىل ئەمما ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىر خىل بولغان بولىدۇ.

**(2) ئوخشىغۇچى ئوخشاش ئەمما ئىپادىلەنگەن مەنە ئوخشاش بولمايدۇ.**

بۇ خىل شەكىلدە ھەر قايسى تىللاردا ئوبىكتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان ئوخشىغۇچىلار ئوخشاش ئەمما ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئالايلى، ئۇيغۇر تىلىدا يۇۋاش مۇلايىم كىشىلەرنى « قويدەك يۇۋاش» ياكى « قوينىڭ قوزىسىدەك» دېگەندەك ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا باللىرىنى ئەركىلەتكەن چاغدا ئۇلارنى « قوزام » دەيدىغان ئادەتلەر بار. ئەمما روس تىلىدا بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان كىشىلەرنى « قويدەك دۆت» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە تاللىۋېلىنغان ئوخشىغۇچى ئوخشاشلا «قوي» ئەمما، قوينىڭ ئىككى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت

سېستمىسىدىكى ئورنى ئوخشىمىغاچقا ئوخشاش بىر شەيئى ئوخشىمىغان مەنىنى ئىپادىلىگەن.

ئۈنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدا توشقان قورقۇنچاقلىقنى ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردا « توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەندەك تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. ئەمما ئىنگلىز تىلىدا بولسا قورقۇنچاق كىشلەر ئەمەس، بەلكى ئاقكۆڭۈل كىشلەر توشقانغا ئوخشىتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا كىشلەر كاللىسى ئۆتكۈر كىشلەرنى ئۆردەككە ئوخشىتىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا ئېزلەڭگۈ كىشلەرنى ئۆدەككە ئوخشىتىدۇ. خەنزۇ تىلىدە كىشلەر ئىشچان، ئاددى-ساددا كىشلەرنى كالىغا ئوخشىتىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا يۈرۈش تۇرىشى قوپال كىشلەرنى كالىغا ئوخشىتىدۇ. دىمەك، يوقارقى مىساللاردىن كۆرىۋىلىشقا بولىدىكى، بۇلاردا مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىۋىلىنغان ئوخشىغۇچى ئوخشاش ئەمما ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرسدە ئىشلىتىلگەچكە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

**2)ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشاشلىق نوقتىسىنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا:**

**(1)ئوخشىغۇچى ھەرخىل ئەمما ئوخشاشلىق نوقتىسى بىرخىل بولىدۇ.**

ئوخشىغۇچى- ئوخشىتىلغۇچىنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ ئۇنى تەسۋىرلەپ سۈرەتلەپ، روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان شەيئىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشاشلىق نوقتىسى- ئوخشىتىشنىڭ ئىككى ئەزاسىنى باغلايدىغان كۆۋرۈك ھېساپلىنىدۇ. ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشاشلىق نوقتىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىشى ئوخشالغۇچىنى ئېنىق، روشەن ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك موھىم مەسىلىدۇر. بۇ

ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ھەر قايسى تىللاردىكى ئوخشىتىشلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان پەرقلەرنى ئۇچرايلا بايقىۋالالايمىز. ئالايلى، ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكى سايىنىڭ تېشىغا، سامانغا ئوخشىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىدا « پۇل دېگەن ساماندەك»، « سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن ئادەملەر» دېگەندەك ئوخشىتىشلار بار. ئەمما خەنزۇ تىلىدا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى كالىنىڭ تۈكىگە ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا خەنزۇ تىلىدا «多如牛毛‹كالىنىڭ تۈكىدەك كۆپ›» دېگەندەك ئوخشىتىشلار بار. بۇ يەردە ھەر ئىككى مىسالدىكى ئوخشىتىشنىڭ ئوخشاشلىق نوقتىسى « كۆپلۈك» ئەمما ئوخشىغۇچى بولسا بىرىدە « سايىنىڭ تېشى ياكى سامان» بىرىدە « كالىنىڭ تۈكى».

ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ تىلىدا بىر-بىرىگە ئامراق ئەر-خوتۇنلارنى، ئاشىق- مەشۇقلارنى قوشماق ئۆردەككە ئوخشىتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا بولسا كاككۇك بىلەن زەينەپكە ئوخشىتىدۇ.بۇ يەردە ئوخشاشلىق نوقتىسى«يېقىنلىق» ئەمما، تاللىۋېلىنغان ئوخشىغۇچى ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئوخشاشلىق نوقتىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئوخشالغۇچىنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان ئوخشىغۇچى ئوخشاش بولمايدۇ.

**(2)ئوخشىغۇچى ئوخشاش ئەمما ئوخشاشلىق نوقتىسى ئوخشاش بولمايدۇ.**

ئالايلى، خەنزۇ تىلىدا «官清如水(پاك ئەمەلدار)»، ئىنگلىز تىلىدا« as thin as water( سۇدەك نېپىز)»، ئۇيغۇر تىلىدا «سۇدەك سۈزۈلمەك » دېگەن ئوخشىتىشلارغا قارايدىغان بولساق، ھەممىسىدە ئوخشىغۇچى «سۇ» ئەمما ئوخشاشلىق نوقتىسى بىرىنچىسىدە

«پاكلىق»، ئىككىنچىسىدە « نىپىزلىك»، ئۈچىنچىسىدە بولسا «راۋانلىق». «سۇ» نىڭ ئوخشاشلىق نوقتىسىنىڭ «پاكلىق ياكى راۋانلىق» ئىكەنلىگىنى ئەنگلىيەلىك ۋە ئامېرىكىلىقلار چۈشىنەلىشى ناتايىن. ئەكسىچە بولغاندا،«سۇ» نىڭ ئوخشاشلىق نوقتىسىنىڭ «نېپىزلىك» ئىكەنلىكىنى جۇڭگولۇقلار تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالماسلىقى مومكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا «ھۇقۇش» سۆز تىلغا ئېلىنسا كىشلەرنىڭ كاللىسىدا «شۇملۇق» دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردا«ھۇقۇش چىللىغان جاي چۆللىشىپ كىتىدۇ» دەپ ئەنسىرەيدىغان ئادەتلەر بار. خەنزۇ تىلىدىمۇ «ھۇقۇش ھويلاڭغا قونسا بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ » دېگەندەك تەمسىللەر بار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ تىلىدا كىشلەر كىچىسى تىمسقلاپ يۈرۈپ مەخپىي ھەرىكەت قىلىدىغانلارنى ھۇقۇشقا ئوخشىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ يالغۇز قالغان كىشلەرنى «ھۇقۇشتەك يالغۇز قاپتۇ» دەيدىغان ئوخشتىش بار. ئەمما «ھۇقۇش‹ owl›» ئىنگلىز تىلى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىمۋۇلى دەپ قارىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى قوللىنىلدىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپلىگەن مەسەللىرىدە «ھۇقۇش» كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدا «سوتچى»، «دوكتۇر»، «مۇئەللىم» دېگەندەك ئوبرازلاردا نامايەن بولىدۇ.شۇڭلاشقا ئىنگلىز تىلىدا« as wise as owl‹ھۇقۇشتەك ئەقىللىق›» دېگەندەك ئوخشىتىشلار بار. بۇ مىساللاردىكى ئوخشىغۇچى «ھۇقۇش» ئەمما ئوخشاشلىق نوقتىسى ئالدىنقىسىدا «شۇملۇق»، كېيىنكىسىدە بولسا «ئەقىل-پاراسەت».

دېمەك، نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بىر مەنە، ئوخشاش ئىستىلىستىكلىق شەكىل ئەمما تاللىۋىلىنغان ئوخشىغۇچى ئوخشىمايدۇ؟ ئوخشاش بىر ئوخشىغۇچى ئەمما ئىپادىلەنگەن مەنە

ئوخشمايدۇ؟ بۇنى ئوخشمىغان مىللەتلەرنىڭ مىللىي پسخىكىسى، شەيئىلەرگە بولغان قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئوخشىتىشنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللىرى نوقتىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئوخشىتىشنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى يالغۇز ئامىللار نوقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە بەزى مەسىلەر ئېنىق ئايدىڭلاشماسلىقى مومكىن. شۇڭا ئۇنى چوڭ كونتېكىست ئىچىگە قويۇپ ئەتراپلىق كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى چوڭ كونتېكىست ئىجتىمائى-تەبىئي شارائىت، مەدەنىيەت ئارقا كۆرىنىشى، پسخىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### 3.ئىجتىمائى-تەبىئى شارائىت ۋە ئوخشىتىشتىكى مىللىيلىك

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوبىكتىپ شەيئىلەرنى كۆزىتىشى ۋە تونۇشىنىڭ بىردەك بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ بەدىئى تەپەككۇرىدا ۋە تەپەككۇرنىڭ مەسھۇلى بولغان ئوي-پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشدە ئۆزلىرىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى شەكىللىنىدۇ. ئوخشىتىشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوخشىغۇچى شەيئىلەر دەل موشۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار يازغان «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى» دا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى 539 ئوخشىتىش ئۈستىدە ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنى ئىشلىتىش چاستوتىسى بويىچە ستاتىستىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوخشىتىشلىرى بىلەن قىسمەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوخشىتىشلارنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى ھەم ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان تەبىئي شارائىتى ۋە

مىللى مەدەنىيەت موھىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئوخشىتىشلارغا قىلىنغان ستاتىستىكىلىق تەھلىلىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوخشىتىشلاردا تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى ناھايىتى يوقىرى بولۇپ، ئوخشىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ% 45.6 ئىگەللىگەن. بۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، «جۇڭگۇ ۋە چەتئەل ئوخشىتىشلىرى لۇغىتى»دىكى 150 ئوخشىتىشقا ستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، چەتئەل ئوخشىتىشلىرىنىڭ كۆپىنچە پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش، ۋە مۇزىكىغا دائىر شەيئىلەر ئوخشىغۇچى قىلىنىپ، ئوخشىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 51% كۆپىرەكىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى بايقىغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە نىمە ئۈچۈن تەبىئىي شەيلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ؟ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ياشاش موھىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. «چۈنكى ئۇيغۇرلار مىلادى بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەردىن باشلاپلا، شەرقتە ئۇرقۇن دەرياسى بويلىرى ۋە خېشى كارىدۇرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زىمىندا چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ياشاپ كەلگەن. كېينچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى رايۇنلاردا ياشىغان. شىنجاڭنى ئالىدىغان بولساق، تارىم دەرياسى ۋە تەڭرىتاغ، قۇرۇم تاغلىرى، پامىر ئىگىزلىكىدىكى قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىگە تايىنىپ چوڭ-كىچىك بوستانلىقلار، يايلاقلار، ۋە ئورمانلار ئەجداتلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى دىخانچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرشگە، شۇنداقلا تەدىرجى ھالدا دېھقانچىلىقنى ئاساسلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش شەكلى قىلىشىغا ئۇل سېلىپ بەرگەن. مانا مۇشۇنداق ياشاش موھىتى ئۇيغۇرلاردا دېقانچىلىق ۋە چاۋىچىلىقنى قەدىرلەش ئولۇغلاشتەك پىسخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. قاراخانىلار دەۋرىدە،

دېھقانچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئاساسى ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغان بولسىمۇ، چوڭقۇر يىلتىزلانغان چارۋىچىلىق ئۇۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىنېرتسىيىسى شۇ دەۋىر تۇرمۇشىغا يەنىلا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشىتىشلاردا چارۋىچىلىق ۋە ئۇۋچىلىققا دائىر شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يوقىرى بولغان‹1›

«مىللەتلەرنىڭ ياشاش موھىتى ئوخشىمىغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مىللىي موھىتىمۇ بولىدۇ ۋە ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ھەم ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت موھىتىغا تارىخى نوقتىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار بۇنىڭدىن بەش-ئالتە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقىنى ئاساسىي نوقتىنەزەر قىلغان كۆپ خۇدالىق  شامان دىنغا ئېتىقاد قىلغان. بولۇپمۇ كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ناھايىتى چوڭقۇرلاپ كىرگەچكە، ھەتتا شامان دىنىدىن كىيىن نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان بۇددا دىنىنى تەرك ئىتىپ ئىسلاملىشىپ بولغان قاراخانىلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىمۇ ئۇزىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان. بۇ نوقتىنى ئاي، كۈن قاتارلىقلارنى گۈزەللىكنىڭ، پاكلىقنىڭ سىمۋۇلى قىلىشتەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ھەم ئىستېتىك ئاڭنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ناھايىتى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەنلىكىنى، يەنى بۇ شەيئىلەرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ چارۋىچىلىق، ئۇۋچىلىققا ئائىت شەيئىلەرگە ئوخشاشلا يۇقىرى نىسبەتنى ئىگەللىگەنلىكىدىن كۆرىۋىلىشقا بولىدۇ‹2›»

بىز يوقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ تاللىنىشىغا تەبىئىي ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت موھىتىنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز

«قۇتادغۇبىلىك»مەيدانغا كەلگەن دەۋر بىلەن ھازىر ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دەۋرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق،گەرچە ئىككى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىدە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، تەبىئىي ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت موھىتىنىڭ ئوخشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىزچىل تۇردە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ئاساسلىقى يەنىلا ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ تاللىنىشىدا كۆرىلىدۇ. ئالايلى، «شۇمبۇيا» قوغۇنلۇققا ئۇنۇپ قالسا قوغۇننىڭ تەمىنى لاۋۇزا قىلىۋېتىدىغان ئوت بولغاچقا ئۇيغۇرلاردا ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان كىشىلەرگە ئوخشىتىدۇ ھەمدە«ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا ئۇنگەن شۇمبۇيا » دېگەندەك ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىدۇ. خەنزۇلار ئاساسي جەھەتتىن قوغۇنچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا ئۇلاردا بۇ خىل ئوخشىتىش يوق.

«پاختەك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي پىشايۋانلىرى ئەتراپىدا ئۇۋا تۇتۇپ، شۇ ئەتراپتىلا ئۇچۇپ يۈرىدىغان قۇش. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا خوتۇنىدىن قورقۇپ ئۆيىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەرنى پاختەككە ئوخشىتىدىغان ئادەت بار. خەنزۇ تىلىدا بولسا بۇنداق ئوخشىتىش يوق.

خەنزۇ تىلىدا قىز-ئاياللارنىڭ ئەخلاقى ۋە خارەكتىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى ھەر خىل ئوت-چۆپلەرگە ئوخشىتىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن: تارتىنچاق قىزلارنى « 含羞草‹مىموزا ئوتى›»غا، قىلىقى سەت، ئەدەپسىز قىزلارنى بولسا«路边的小草 ‹يول بويىدىكى ئوت-چۆپ›» كە ئوخشىتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئۇخشىتىش شەكىللىرى يوق. مەلۇمكى، تەبىئىي ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت موھىتى ئوخشىمىسا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئوخشىتىشتىنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادە شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھالەت تەبىئىي

ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت موھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئەسلىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ تەدرىجى ھالدا ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. مەسلەن، بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىكى شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى بىلەن ناۋايى ئەسەرلىرىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق بۇخىل ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز ماقالىنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ ئومۇمىي نىسبەتنىڭ 45.6% نى ئىگەللەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئارسلان ئابدۇللا «ناۋايى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ناۋايى غەزەللىرىدىكى 625 ئوخشىتىش ئۈستىدە ستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىپ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكنى بايقىغان. يەنى« ناۋايى غەزەللىرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تۈرىدىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ نىسبىتى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ نىسبىتىدىن يوقىرى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 55.52% نى ئىگەللىگەن». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئىككى دەۋردىكى شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى بىر بىرىدىن كۆرنەرلىك دەرىجىدە پەرقلەنگەن.

4.خۇلاسە

دېمەك، ئوخشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى بارلىق بايانلىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ كەلسەك، ئوخشىتىشلار مەيلى كىچىك كونتېكىست مەيلى چوڭ كونتېكىست دائىرسىدە بولسۇن روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆپىنچە ئوخشىغۇچىنىڭ تاللىنىشىدا كۆرىلىدۇ. ئوخشىغۇچىنىڭ تاللىنىشىغا ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئامىللار، تەبىئىي ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت موھىتى قاتارلىقلار تەسىر

كۆرستىدۇ. تىل ئالاقىسى جەريانىدا ئوخشىتىشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ياخشى ئىگەللىۋېلىنسا، بىر مىللەتنىڭ تىل ئادىتى جەھەتتىكى نازۇك تەرەپلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا زور ياردىمى بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا شۇ ئەسەرنىڭ مىللى خاسلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنى تەرجىمە قىلىنغان تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ كىتابخانلاردا غەيرىلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىزاھلار**

‹1›ئارسلان ئابدۇللا ، قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى، 216-، 217-، 218- بەتلەر

‹2› ئارسلان ئابدۇللا ، قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى، 219-،220-بەتلەر

**پايدىلانغان ماتىرىياللار**

1. يولۋاس راشىدىن، ئىستىلىستىكا ساۋادى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتىتى، 2002-يىل نەشرى.

2.ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار، قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى نەشرىياتى، 2001-يىل6-ئاي

3.بەھىرنىسا يۈسۈپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى سىمۋۇللۇق سۆزلەر ۋە ئوخشىتىشلار، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى، 1999-يىل 2-سان

4.بەھىرنىسا يۈسۈپ، يەنە خەنزۇ،ئۇيغۇر تىلىردىكى سىمۋۇللۇق سۆزلەر توغىرسىدا، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى، 2000-يىل 2-سان

5. ئارسلان ئابدۇللا، ئوخشىتىش توغرىسدا ئىزدىنىش، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى ئىلمىي ژورنىلى 1990-يىل 3-سان.

6 .ئىمىن تۇرسۇن، ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ مۇبالىغە، يېڭى قاشتېشى ژورنىلى 1998-يىل 4-سان

7. ئارسلان ئابدۇللا، ناۋايى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى ئىلمىي ژورنىلى(خەنزۇچە)، 2002-يىل 3-سان

8. ئىستىلىستىكا كۇرسى (خەنزۇچە) دىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر